ئىشچى - دىخانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ
دەرىجىلىك مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

1 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئىشچى - دېخانلار مائارىپ باشقارمىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن پۈتۈن كۈنلۈك 5 يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ئىشچى- دېخان كۇرسانتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىشچى - دېخانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەكتەپلىرى سىناپ قوللىنىش ئۈچۈن 2 قىسىم ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى تۈزۈلدى.

1 - قىسىمدا فونېتىكا، مورفولوگىيە ھەم سىنتاكسىس ھەققىدە دەسلەپكى بىر قىسىم چۈشەنچىلەر بېرىلدى؛ 2- قىسىمدا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۆز تۈركۈملىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى، جۈملە ھەم ئۇنىڭ تۈرلىرى، جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە ئاساسىي چۈشەنچىلەر بېرىلدى. بۇ 2 قىسىم دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ھەر بىر ئاساسىي بىلىمدىن كېيىن بىردىن ئۈچكە قەدەر مۇستەھكەملەش كۆنۈكمىلىرى بېرىلدى. بۇ كۆنۈكمىلەر ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلگەن بىلىملەرنى مۇستەھكەملەپ، كۇرسانتلارنىڭ ئوقۇش - يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كۆنۈكمىلەرنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۇرسانتلارنىڭ تولۇق ئورۇن-

16. ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىكى كېلىش قوشۇمچىلىرى ........ 29

17. باش كېلىش ........ 30

18. ئىگىلىك كېلىش ........ 31

19. چۈشۈم كېلىش ........ 33

20. بېرىش كېلىش ........ 35

21. چىقىش كېلىش ........ 38

22. ئورۇن كېلىش ........ 41

23. ياسالما سۆز ........ 43

24. بىرىككەن سۆز ........ 46

25. جۈپ سۆز ........ 47

سۆز ۋە سۆزلەردىكى كېلىش قوشۇمچىلىرى توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ........ 50

26. جۈملە ........ 54

27. خەۋەر جۈملە ........ 55

28. سوئال جۈملە ........ 58

29. ئۈندەش جۈملە ........ 61

خەۋەر، سوئال، ئۈندەش جۈملىلەر توغرىسىدىكى ئۆتكەنلەرنى تەكرارلاش ........ 63

30. جۈملىدىكى ئىگە ........ 65

31. جۈملىدىكى خەۋەر ........ 68

32. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ........ 71

33. تولدۇرغۇچى.............................. 73
34. ئېنىقلىغۇچى .............................. 75
35. هالەت .............................. 78
36. يىغىق جۈملە .............................. 80
37. يېيىق جۈملە.............................. 81
يىغىق ۋە يېيىق جۈملىلەر توغرىلىق ئۆتكەنلەرنى
تەكرارلاش .............................. 83
38. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ......... 85
39. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى .............................. 86
40. تەڭداش بۆلەكلىك جۈملىلەردىكى ئومۇملاشتۇر-
غۇچى سۆز .............................. 88

26. جۈملە ..................
27. خەۋەر جۈملە ..................
28. سوئال جۈملە ..................
29. ئۈندەش جۈملە ..................
خەۋەر، سوئال، ئۈندەش جۈملىلەر ئۈچۈنلىكى
تىنىش بەلگىلىرى ..................
30. جۈملىدىكى ئىگە ..................
31. جۈملىدىكى خەۋەر ..................
32. جۈملىنىڭ ئىككىنچى بۆلەكلىرى ..................

## 1. تىل تاۋۇشلىرى ۋە ھەرپ

كىشىلەر ئادەتتە گەپ ھەم سۆزلەر ئارقىلىق بىر-بىرى بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. بىزنىڭ كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئېيتقان گەپلىرىمىز مەلۇم بىر ئۇقۇمنى بىلدۇرسە، سۆزلىرىمىز مەلۇم بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنە ھەم ئۇقۇملار ئېغىزىمىزدىن چىقىۋاتقان تاۋۇشلارنىڭ بەلگىلىك تەرتىپكە رىئايە قىلغان ھالدا تىزىلىپ چىقىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «ۋەتەن» دېگەن سۆزنى مىسالغا ئالساق، بۇ سۆز: «ۋ، ە، ت، ە، ن» قاتارلىق بەش تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، «مەكتەپ» سۆزى بولسا «م، ە، ك، ت، ە، پ» قاتارلىق ئالتە تاۋۇشنىڭ مەلۇم تەرتىپتە بىرىكىشى ئارقىلىق تۈزۈلگەن.

تاۋۇشلار يېزىقتا ھەرپ بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

> **ھەرپلەرنىڭ ئېغىزدا ئېيتىلىشى تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ.**
>
> **تاۋۇشلارنىڭ يېزىقتىكى شەكلىنى ھەرپ دەيمىز.**

تاۋۇش سۆزنىڭ ئەڭ كىچىك بۆلىكىدۇر. تاۋۇشلارنى ئېيتىمىز ۋە ئاڭلايمىز، ھەرپلەرنى بولسا كۆرىمىز ھەم يازىمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق تاۋۇشلار، ئېيتقان چاغدا

ئۈپكىدىن چىققان ھاۋانىڭ توسالغۇغا ئۇچراش ياكى ئۇچرىـ
ماسلىقىغا قاراپ سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ
ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، ئۈپكىدىن چىققان ھاۋا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ ۋە ئۈنلۈك ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا ئۈپكىدىن چىققان ھاۋا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۈنسىزرەك ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن: ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا 8 سوزۇق تاۋۇش، 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار.

تىلىمىزدىكى ھەرقانداق سۆز سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

مەسىلەن: «بىز» دېگەن سۆز «ب، ز» قاتارلىق ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش، «ى» دېگەن بىر سوزۇق تاۋۇشتىن، «قائىدە» دېگەن سۆز «ق، د» دىن ئىبارەت ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن، «ا، ئى، ە» دىن ئىبارەت ئۈچ سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن.

1 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ھەر بىر سۆزدە قانچە تاۋۇش (ھەرپ) بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

يەر، زاۋۇت، ۋەتىنىمىز، تىرىشچانلىق، خەلقپەرۋەر، ئۈزۈمچىلىك، يېزا

2 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار، ئۇلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كىتاپ، تاپشۇرۇق، كومپارتىيە، يازغۇچى، ئۆگىنىش، چارۋىچىلىق، بىلىملىك

## 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۆلۈنۈشى

تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېيتقان (تەلەپپۇز قىلغان) چېغىمىزدا تىلىمىزنىڭ ئورنى ۋە ھەرىكىتى بىر خىل بولمايدۇ. بەزى سوزۇق تاۋۇشلاردا تىل ئۇچى ئارقىغا تارتىلىدۇ. بەزى سوزۇق تاۋۇشلاردا تىل ئۇچى سەل ئالدىغا سوزۇلىدۇ. دېمەك، سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى (پەيدا بولۇش ئورنى) ۋە ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ە، ۆ، ۈ
2. تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار: ا، و، ۇ
3. ئارا سوزۇق تاۋۇشلار: ې، ى

سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا لەۋ (كالپۇك) نىڭ ھەرىكىتىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لەۋنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: و، ۇ، ۆ، ۈ

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمىلاقلىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

2) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئە، ئې، ئى بۇ تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، لەۋ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

3 ــ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئەمگەك، بەختىيار، يۈرەك، كۆيۈنۈش، ئۈزۈم، سۆيۈملۈك، شەرەپلىك

4 ــ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، تىل كەينى ۋە ئارا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئوقچۇپ ئاققان سۈزۈك سۇ،
ھالىمغا سەن يەتسەڭچۇ.
بىر پەس ئويناپ مەن بىلەن،
ئېشقا ئاندىن كەتسەڭچۇ.

ــ توسماڭ مېنىڭ ئالدىمنى،
يولۇم يەراق ئايسىخان.
ئېتىزلارغا بارمىسام،
قۇرۇپ قالار مايسىخان.

ئايسەم سۆزنى كەينىگە،
قالالمىدى ياندۇرۇپ.
سۇ چاپاتتى ئېتىزدا،
مايسىلارنى قاندۇرۇپ.

5 ــ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

ئېتىز، گۈلزار، يۇرتۇم، مەكتەپ، چىراق، كىنوخانا، ئۆزگىرىشچان، ئادالەتلىك، كۈرەش، نەمۇنىلىك، ئوقۇغۇچى، پاراسەتلىك

## 3. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بۆلۈنۈشى

بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغان چېغىمىزدا تاۋۇش پەردىلىرىمىز تىترەپ، جاراڭلىق ھەم شاۋقۇنلۇق چىقىدۇ.

مەسىلەن: ب، د، گ، ج

بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغان چېغىمىزدا بولسا، تاۋۇش پەردىلىرىمىز تىترىمەيدۇ.

مەسىلەن: ف، خ، ك، ھ

تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار، تاۋۇش پەردىلىرىنى تىترىتىپ شاۋقۇنلۇق ئېيتىلىشى ياكى تاۋۇش پەردىلىرىنى تىترەتمەي شاۋقۇنسىز ئېيتىلىشىغا قاراپ جاراڭلىق ھەم جاراڭسىز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. جاراڭلىق تاۋۇشلار جەمى 14 بولۇپ، ئۇلار: ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ، ڭ، ل، م، ن، ۋ، ي لاردىن ئىبارەت.

2. جاراڭسىز تاۋۇشلار جەمى 10 بولۇپ، ئۇلار: پ، ت، چ، خ، س، ش، ف، ق، ك، ھ لاردىن ئىبارەت.

تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا تاۋۇش پەردىلىرى تىترەپ، شاۋقۇنلۇق ئېيتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى جاراڭلىق تاۋۇشلار بولالايدۇ.

6 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنى بىر ياققا، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنى يەنە بىر ياققا يېزىڭلار.

چىمەن ئىشچان قىز، زادى ھارمايدۇ،
ئىشلەپ كېچە ـ كۈندۈز بىكار تۇرمايدۇ.
ئەمگەك يارىتىدۇ، ئاڭا جان ئاتىدۇ،
خوشاللىق تاپىدۇ، لايغەزەل بولمايدۇ.

7 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە قانچە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش، قانچە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

پاراسەتسىز باش، چىراقسىز پانۇسقا ئوخشايدۇ. مەن ئۇستازىمنى سۆيىمەن، ھەقىقەتنى تېخىمۇ سۆيىمەن.

## 4. جارائلىق ۋە جارائسىز تاۋۇش لارنىڭ يېزىلىشى

1. سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى جارائلىق تاۋۇش بىلەن تۈگىسە، ئۇنىڭغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلەرنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى جارائلىق تاۋۇش بولىدۇ.

مەسىلەن: ياز - ياز + دا

ياز - ياز + دىن

ياز - ياز + غان

ۋەتەن - ۋەتەن + گە

ۋەتەن - ۋەتەن + دە

ۋەتەن - ۋەتەن + دىن

2. سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى جارائسىز تاۋۇش بىلەن تۈگىسە، ئۇنىڭغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلەرنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى جارائسىز تاۋۇش بولىدۇ.

مەسىلەن: زاۋۇت - زاۋۇت + قا

زاۋۇت - زاۋۇت + تىن

زاۋۇت - زاۋۇت + تا

3. ھەرقانداق سۆزگە «تىن، دىن» قوشۇم-چىلىرىنى ئۇلاشقا توغرا كەلگەندە، ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى جاراڭلىق بولسا «دىن»، ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى جاراڭسىز بولسا «تىن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئېتىز - ئېتىز + دىن

ئۆي - ئۆي + دىن

ئات - ئات + تىن

ئىش - ئىش + تىن

8 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە «تىن، دىن» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار.

ئىمتىھان، مۇئەللىم، ئەمگەك، بېيجىڭ، ئاشلىق، كىتاپ، ساياھەت، بۇغداي، مەكتەپ

9 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىگە «تىن»، بەزىلىرىگە «دىن» قوشۇمچىسى ئۇلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

ئىجادىيەتتىن، شىنجاڭدىن، كۇرەشتىن، ھاكىمىيەتتىن، قەشقەردىن، چەگچىلەردىن، ئىنقىلاپتىن، ئېتىزدىن، يايلاقتىن، يېزا ئىگىلىگىدىن، نىشاندىن، كۆپچىلىكتىن، ئىشتىن

## 5. «ق، چ، ن، ز» ھەرپلىرىنىڭ يېزىلىشى

تىلىمىزدىكى «ق، چ، ن، ز» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياق-

لاشقان بەزىبىر سۆزلەرگە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان بەزىبىر قوشۇمچىلەرنى ئۇلاشقا توغرا كەلگەندە «ق» تاۋۇشى «خ» بولۇپ، «چ» تاۋۇشى «ش» بولۇپ، «ن» تاۋۇشى «ل» بولۇپ، «ز» تاۋۇشى «س» بولۇپ ئېيتىلىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: ئۇق - ئۇختۇم، كۈچ - كۈشلۈك، ئون - ئوللۇق، توز - توسسىز

بۇ خىل سۆزلەرنى يازغاندا تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە ئاساسەن يېزىش لازىم.

**«ق» ئۇزۇك تاۋۇشى بەزى سۆزلەردە «خ» بولۇپ ئېيتىلسىمۇ، يازغاندا «ق» قىلىپ يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئۇق - ئۇختۇرۇش ئەمەس ئۇقتۇرۇش

چاق - چاختى = چاقتى

ئاق - ئاخلاش = ئاقلاش

باق - باختىم = باقتىم

**«چ، ن» ئۇزۇك تاۋۇشلىرى بەزىبىر سۆزلەردە «ش، ل، ڭ» بولۇپ ئېيتىلسىمۇ، يازغاندا «چ، ن» قىلىپ يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئۈچ - ئۈشلۈك ئەمەس ئۈچلۈك

ئاچ - ئاشلىق = ئاچلىق

كۆن - كۆللۈك = كۆنلۈك

كۆرۈن - كۆرۈڭگەن = كۆرۈنگەن

بەزىبىر سۆزلەردىكى «ز» تاۋۇشى قوشۇمچە ئۇلانغاندا «س» بولۇپ ئېيتىلسىمۇ، يازغاندا «ز» قىلىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: تۇز - تۇسسىز    ئەمەس    تۇزسىز

يۈز - يۈسسىز    =    يۈزسىز

10 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە «چ، ن» تاۋۇشلىرىنىڭ «ش، ڭ» بولۇپ خاتا يېزىلغان جايلىرىنى تۈزىتىپ كۆچۈرۈڭلار.

1. قۇياش نۇر چاشتى. 2. بەخت قۇچاق ئاشتى. 3. بۆلۈڭگەننى بۆرە يەر. 4. كۆرۈڭگەن تاغ يىراق ئەمەس. 5. ئۇنىڭ قوسىغى ئاشتى.

## 6. ئۇيغۇر تىلىدا «ر، ل» تاۋۇشلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە يېزىلىشى

ئادەتتە سۆزلەشكەن چېغىمىزدا (جانلىق تىلدا) بەزى سۆزلەردە «ر، ل» تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن يازغاندا چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ.

| مەسىلەن: ئېيتىلىشى | يېزىلىشى |
|---|---|
| بالىلا | بالىلار |
| ئاغان | ئالغان |
| ئوقۇغۇچىلا | ئوقۇغۇچىلار |
| تەگەن | تەرگەن |

11 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشى بىلەن يېزىلىشىنى مىسالدا كۆرسەتكەندەك قىلىپ يېزىڭلار.

كەل، كەلمىدى، ساۋاقداشلار، تەنتەربىيىچىلەر، ئىمۇنىچىلار، ئەلاچىلار، ئىلغارلار، بارالمىدى، كېلەلمىدى.

12 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە «ر، ل» تاۋۇشلىرىنى قوشۇپ يېزىڭلار.

ئېلىڭلا، كۆرمىدى، بەدى، بوسا، كۆمىدى، كەگەن، سۇغادى، ئامىدى، ئامىدى، ئالامىدى، سۆزلەمىدى

## 7. بوغۇم ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

بىزنىڭ ئېيتقان ھەرقانداق سۆزىمىز ئادەتتە ئېغىزدىن بىر ياكى بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.

> سۆزلەرنىڭ ئېغىزدىن بۆلۈنۈپ چىققان قىسمى بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: «ۋەتەن، تەنتەنە، ئىنقىلابچى» دىگەن ئۈچ سۆزنى ئايرىم ئېيتىپ كۆرسەك، «ۋەتەن» سۆزى «ۋە + تەن» دىگەن ئىككى بۆلەككە، «تەنتەنە» سۆزى «تەن + تە + نە» دىگەن ئۈچ بۆلەككە، «ئىنقىلابچى» سۆزى بولسا، «ئىن + قى + لاپ + چى» دىگەن تۆت بۆلەككە بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.

دىمەك، «ۋەتەن» دېگەن سۆز ئىككى بوغۇمدىن. «ئە-ـ تەنە» دېگەن سۆز ئۈچ بوغۇمدىن، «ئىستىلاپچى» دېگەن سۆز تۆت بوغۇمدىن تۈزۈلگەن.

بوغۇم سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ. بىر سۆزدە قانچە سوزۇق تاۋۇش بولسا، ئۇ سۆزدە شۇنچە بوغۇم بولىدۇ.

«ئەمگەكچان» — بۇ سۆزدە «ئە، ە، ا» دىن ئىبارەت 3 سوزۇق تاۋۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۈچ بوغۇملۇق سۆز بولىدۇ.

بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم، يېپىق بوغۇم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن بوغۇمنى ئوچۇق بوغۇم دەپ ئاتايمىز.

مەسىلەن: ئاتا، ئانا، ئالما، مېۋە، نەمۇنىچى

ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن بوغۇمنى يېپىق بوغۇم دەپ ئاتايمىز.

مەسىلەن: گۈلزار، مەيدان، ئېتىزلىق، كۆكتات

13 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇغىلار ھەمدە ھەر بىر سۆزدە قانچە بوغۇم بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئەدەبىيات، يازغۇچى، ئالىم، تىرىشچانلىق، ئىجادىيەت، خەلق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سۆيۈنۈش

14 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چە-

قىپ، ھەر بىر سۆزنى بوغۇملارغا بۆلۈپ كۆچۈرۈڭلار ۋە ئۇ بوغۇملارنىڭ قانداق بوغۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

پۈتۈن ماددى بايلىقلارنى ئەمگەكچىلەر ياراتقان، ئۇلار ئەڭ قەدىرلىكتۇر. پارتىيە بىزنىڭ نىجاتكارىمىز.

## 8. سۆز ۋە سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى

«مەن تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتىم» دىگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدە تۆت سۆز بار.

> بەلگىلىك بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان، بىر ياكى بىرنەچچە بوغۇملارنىڭ يىغىندىسىنى سۆز دەپ ئاتايمىز.

مەسىلەن: ئادەم، تاغ، يېشىل، بەش، ياغاچ، ئىشچى، قاسىم، ئوقۇدى، چاپسان.

سۆزلەر مەلۇم تەرتىپتە قوشۇلۇش ئارقىلىق جۈملە تۈزۈلىدۇ. جۈملە ئىچىدە كەلگەن سۆزلەر بىر — بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: بىز ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز. ساۋاتسىزلىقنى قەتئى تۈگىتىشىمىز لازىم.

15 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە سۆزلەرنى ئايرىپ، ھەر بىر سۆزنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار. سۆزلەرنى بىر — بىرىدىن ئايرىپ يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

بۇ يەگىت بىر بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۆزى

نىڭ بۇ دۇكانغا تۇنجى قېتىم چاچ ئالدۇرغىلى كەلگەن خېرىدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، دۇكان ئىگىسى بىلەن كونا تونۇشلاردەك قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

دۇكان ئىگىسى — مەخسۇت ئاخۇن ئۇستام ياشانغان، ئاق - سېرىق، ئىگىز بويلۇق، ساقاللىق ئادەم ئىدى.

16 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلىنىپ ئىككى جۈملە تۈزۈڭلار. ھەر بىر جۈملىدە تۆتتىن سۆز بولسۇن. سۆزلەرنى جۈملە ئىچىدە يېزىش قائىدىسىگە ئاساسەن، ئايرىپ يېزىڭلار.

## 9. سۆزلەرنى قۇردىن - قۇرغا كۆچۈرۈش

بىز سۆزلەرنىڭ بوغۇملاردىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىز خەت يېزىۋاتقان چېغىمىزدا بەزىدە بىرەر سۆز قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قېلىپ، ئۇ سۆزنى پارچىلاپ يېزىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق ۋاقىتتا تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

1. يازغاندا سۆزنىڭ شۇ قۇرغا پاتماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە ئايرىلىپ يېزىلىدۇ ۋە يۇقۇرقى قۇردا قالغان بوغۇمدىن كېيىن سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: مەكتەپ مەك -
تەپ

تىرىشچانلىق    تىرىش-

چانلىق

ئەلاچىلار    ئەلا-

چىلار

2. سۆزنىڭ تەركىبىدە بىر سوزۇق تاۋۇش بىر بوغۇم بولۇپ كەلسە، ئۇنى ئايرىپ يۇقۇرىدىكى قۇردا قالدۇرۇشقا ياكى ئاستىنقى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.

مەسلەن: ئادالەتلىك    ئا-

دالەتلىك ئەمەس.

ئۇلۇغ    ئۇ-

لۇغ ئەمەس.

3. بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنى ئىككى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.

مەسلەن: شەرت    شە-

رت ئەمەس.

خەلق    خە-

لق ئەمەس.

4. قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ خانىلىق سانلارنى ئاستىنقى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.

مەسلەن: 1984 - يىلى

19 -

84 - يىلى ئەمەس.

365 كىلوگىرام

3 -

65 كىلوگىرام ئەمەس.

17 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانداق بو-

غۇملىرى قۇردىن - قۇرغا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ-

لار، ئاندىن كېيىن قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| باياشات- | ئىش- | تەلەپ- | باشقۇ- |
| لىق | چىلار | چان | رۇش |
| ئوقۇغۇ- | بەخت- | ئالدى- | كۈ- |
| چى | لىك | دا | رەشچان |

18 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يې-

زىڭلار، يازغاندا قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى قۇر-

دىن - قۇرغا كۆچۈرۈش قائىدىسى بويىچە يېزىڭلار.

...ئالدار كوسا باي بىلەن ئولتۇرۇپ قوسىقىنى راسا

تويغۇزۇپ مەززە قىپتۇ، باي بۇنىڭدىن بەكمۇ خاپا بولۇپ،

ئاستاغىنا خوتۇنى بىلەن يېرىم كېچىدە بىر ئامال قىلىپ

ئالدار كوسىنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، دەپ مەسلىھەت قىپ-

تۇ. ئەمما ئالدار كوسا باينىڭ ھەركىتىگە سەپسېلىپ تۇر-

غان ئىكەن، شۇڭا ئىككىسىنىڭ قىلىشقان مەسلىھەتىنى تولۇق

ئاڭلىۋاپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئالدار كوسا تۇيدۇرماستىن

تالاغا چىقىپ، ئېتىنىڭ ئاق قاشقىسىغا لاي سۈركەپ قويۇپ،

ئاق بور بىلەن باينىڭ ئىتىغا ئاق قاشقا ياساپ قويۇپتۇ. ئاندىن كىمكىمۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بەخۇدۇك ئۆيقۇغا كېتىپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا بەرمەسباي ئالدار كوسىنى ئويغىتىپ، ئەنسىز بىر ھالدا:

— ھوي، مېھمان! ئىتىڭ قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، تىترەپ كېتىۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

— ئۇنى بوغۇزلىۋېتىڭ، گۆشىنى يەرمىز، — دەپتۇ ئالدار كوسا ئورنىدىنمۇ تۇرماي دەرھال جاۋاپ بېرىپ.

## 10. ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر

تىلىمىزدا ئادەملەرنىڭ ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ياسىن، قەشقەر، تاغ، كىتاپ، ئۆدەك، ئۈزۈم

> ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى، ناملىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆزلەر ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولىدۇ.

بۇنداق ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېملەر؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ. يەنى ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كىم؟ كىملەر؟ دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: خەلچەم ئوقۇۋاتىدۇ. (كىم؟) دېھقانلار ئەمگەك

قىلىۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار گىمناستىكا ئويناۋاتىدۇ. (كىملەر؟)

ھايۋانلار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە نىمە؟ نىملەر؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: دەرس باشلاندى. (نىمە؟) قويلار (نىملەر؟) ئوتلاۋاتىدۇ.

18 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلىنىپ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆزلەردىن ئون بەشنى يېزىپ كېلىڭلار.

19 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، بېرىلگەن سوئاللارغا ئاساسەن كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق ئىسىملارنى يېزىڭلار.

... (كىملەر؟) ئۆي سىلىۋاتىدۇ. ... (كىم؟) ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ.... (نىمە؟) گۈلدۈرلەۋاتىدۇ. ...(نىملەر؟) يولدىن گۈرۈلدەپ ئۆتۈشمەكتە.

20 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ يېنىغا تىرناق ئىچىپ، قانداق سوئاللار بېرىلىدىغانلىقىنى يېزىڭلار.

1. بارات ھىكايە يازدى. 2. تاغلار يېشىللىققا پۈركەندى. 3. ئايشەم بىلەن زۆھرە كىنو كۆردى. 4. بىز پەيچۇر ئويىندۇق. 5. ئالملار پىشىپ كېتىپتۇ. 6. بوران گۆكىرىمەكتە. 6. ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىشقا قىزغىن كىرىشىپ كەتتى.

## 11. ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر- نىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك بولۇپ ئېيتىلىشى

بەزى ئىسىملاردىن بىز پەقەت بىرلا ئادەمنى ياكى بىرلا نەرسىنى بىلىۋالالىساق، بەزى ئىسىملاردىن بىردىن ئار- تۇق ئادەم ياكى بىردىن ئارتۇق نەرسىنى بىلىۋالالايمىز. بىز «گۈل، باغ» دىگەن سۆزلەردىن پەقەت بىر تال گۈل ياكى بىر باغنى چۈشىنىمىز. ئەگەر بىز شۇ سۆزلەرگە «لار، لەر» دىگەن قوشۇمچىلەرنى ئۇلاپ، «گۈللەر، باغلار» دەپ ئېيتساق، بۇ سۆزلەردىن كىشىلەر بىرقانچە باغنى ۋە نۇرغۇن گۈللەرنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرلىك تۈرىگە «لار، لەر» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچىلەر- نىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى ياكى ئۇلانماسلىقىغا قاراپ شۇ ئىسىم- لارنىڭ سانىنى بىلىۋالالايمىز.

| | | |
|---|---|---|
| مەسىلەن: | بىرلىك | كۆپلۈك |
| | ئوقۇغۇچى | ئوقۇغۇچىلار |
| | شەھەر | شەھەرلەر |
| | تاغ | تاغلار |
| | ھىكايە | ھىكايىلەر |
| | ئۆسۈملۈك | ئۆسۈملۈكلەر |

21 – كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئۇرغۇن چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا «لار، لەر» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قىلىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| قەلەم... | ئۆتۈك... | تىراكتور... |
| ئۆدەك... | ئۆمۈچۈك... | كومبايىن... |
| ئويۇن... | ئۆي... | كىتاپ... |
| چاپان... | غۇنچە... | قوغۇن... |
| ئۇستەل... | كۆلچەك... | قەھرىمان... |

22 – كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈڭلار. كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئەسىرلەر توم، يىللار ۋاراق،
ئايلار قۇر، كۈنلەر چېكىت.
ئاي – كۈنلەرگە ماغدۇر بېرىپ،
يىللار ياسار، جەڭچى يىگىت.

## 12. سۈپەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر

تىلىمىزدا ئادەملەرنىڭ ۋە نەرسىلەرنىڭ رەڭگى، شەكلى، تەمى، تۈرى، كۆرۈنۈشى، مىقدارى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

چۈچۈمەل ئالما، يوغان دەرەخ، ياخشى يىگىت، ياپ – يېشىل ئوتلاق دېگەنلەرنى مىسالغا ئالساق، «چۈچۈمەل» سۆزى نەرسىنىڭ تەمىنى، «يوغان» سۆزى كۆرۈنۈشىنى،

«ياخشى» سۆزى يىگىتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، «ياپ - يېشىل» سۆزى نەرسىنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. دىمەك، چۈچۈەل، يوغان، ياخشى، ياپ - يېشىل دىگەن سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ.

> **ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس رەڭگى، شەكلى، تەمى، تۈرى، كۆرۈنۈشى، مىقدارى، خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر سۈپەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر.**

بۇ خىل سۆزلەر قانداق؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: تەجرىبىلىك ئىشچى. (قانداق ئىشچى؟) قىزىق كىتاپ. (قانداق؟) چىرايلىق بىنا. (قانداق بىنا؟)

**23- كۆنۈكمە:** بوش ئورۇنلارغا سۈپەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈڭلار.

1. بىز ... بىناغا كۆچۈپ چىقتۇق. 2. قاسىم ... ئوقۇۋاتىدۇ. 3. ئۇ ناھايىتى ... خەت يازىدۇ. 4. مەن... كىتاپ سېتىۋالدىم. 5. «بەخت ئاخشىسى»... كىنو ئىكەن. 6. بىز باققا... دەرەخلەرنى نۇرغۇن تىكىۋەتتۇق.

سۈپەت بولىدىغان سۆزلەر: ياخشى، چىرايلىق، قىزىق، يېڭى، مىۋىلىك

**24- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جەدۋەلنىڭ سول تەرىپىگە بېرىلگەن ئىسىملار، ئوڭ تەرىپىگە سۈپەت مەنىسىنى بىلدۈرى-

دىغان بىرقانچە سۆزلەر بېرىلگەن. سىلەر ئىسىملارنىڭ ئالدى-غا ئۇۋاپىق كېلىدىغان سۈپەتلەرنى قويۇپ، بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

| | |
|---|---|
| كەڭ، يازلىق | بۇغداي، ئوقۇغۇچى |
| گۈزەل، تىرىشچان | سۇ، قوغۇن |
| سۆزۈك، تاتلىق | ئېتىز، شەھەر |

ئۈلگە: غۇلجا گۈزەل شەھەر ئىكەن.

25 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنى كۆچۈرۈپ يې-زىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا شۇ سۈپەتلەرگە لايىق ئىسىملارنى قويۇڭلار.

مېزىلىك... مۇزدەك... ئۇزاق... تازا...يۇمشاق... سېمىز... سۈتلۈك... سەگەك... يېڭى... كۆكۈلمۈك ... قاراڭغۇ... ئىگىز... ئىتتىك...

## 13. ئىش - ھەركەت مەنىسىنى بىلدۈر-دىغان سۆزلەر

ئايروپىلان ئۇچتى. تىراكتور يەر ھەيدىدى. ئىشچىلار ئىشلەۋاتىدۇ. سەلىمە كەلدى.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەركىتىنى بىلدۈرىدۇ.

تىلىمىزدا ئىش ـ ھەرىكەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز-لەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل سۆزلەر نېمە قىلدى؟ نېمە بولدى؟ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلىپ؟ دېگەنگە ئوخشاش سو-ئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئىش ـ ھەرىكەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر.

مەسىلەن: شامال چىقىۋاتىدۇ. ياسىن توپ ئوينىدى.

ئۇلار بۈگۈن ئىمتىھان بېرىدۇ.

26 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغىلار، سوئال بېرىپ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى تېپىڭلار.

1. گۈل ئېچىلدى. 2. ئاي چىقتى. 3. سۇلار شاقىراپ ئېقىۋاتىدۇ. 4. رابىيەم ئۇسۇل ئوينىدى 5. ۋاھىت دەكتەپتىن قايتتى. 6. قوغۇنلار پىشتى. 7. مۇئەللىم دەرس سۆزلىدى. 8. دوست ئاغرىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۇلدۇرۇپ ئېيتىدۇ. 9. ئايشەم كۆچەتلەرگە سۇ قۇيدى.

27 ـ كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ئىش ـ ھەرىكەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈڭلار.

باغۋەن كۆچەت... خالىدە تاپشۇرۇق... دېخانلار ئوما... شوپۇر ماشىنا... قۇشلار ئېگىز ئاسماندا..ئوقۇغۇچىلار دەرستىن... مەن ئۇيغۇر تىلى دەرسىدىن 100 نومۇر...

28 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار

ۋ. ئىش ـ ھەركەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

قىشلار كەتتى،
كۆكلەم يەتتى،
كۈننىڭ نۇرى
كۆچەيدى.
ئاپپاق قارلار
ئېرىدى،
دېخىنىم باھارنى
سېغىندىڭمۇ؟
بوستانلاردا،
خۇشخۇي سايراپ،
ئىشقى ـ شوقى
بىلەن قاراپ
دەرتلىك كۆڭۈلنى
ئاچقان،
ئوماق قۇشلارنى
سېغىندىڭمۇ؟

## 14 . سۆزنىڭ تومۇرى

بىز ئەگەر «ئىش» دىگەن سۆزگە «ـم، ـ چى، ـچان» قاتارلىق قوشۇمچىلەرنى ئۇلاپ «ئىشىم، ئىشچى، ئىشچان» دەپ ئېيتساق «ئىش» دىگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىدە ئۆز-

گىرىش بولغانلىغىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، «ئىش» سۆزى «ئىشچان، ئىشىم، ئىشچى» دېگەن سۆزلەرنىڭ تومۇرى بولىدۇ.

سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قىسمىنى سۆزنىڭ تومۇرى ياكى تۈپ سۆز دەيمىز.

سۆزنىڭ تومۇرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان قىسمىنى قوشۇمچە دەيمىز. قوشۇمچىلار سۆزنىڭ تومۇرىغا قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىل | ىم | باش | لا |
| بىل | ىم + لىك | باش | لىق |
| بىل | دىم | باش | تىن |
| بىل | ىم + سىچان | باش | چى |
| بىل | ىم + سىچان + لىق | باش | لام + چى |

قوشۇمچىلار ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا ھېچقانداق مەنە ئاڭلاتمايدۇ.

29 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تومۇرىغا ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچىلەرنى قوشۇش بەلگىسى بىلەن ئايرىپ يېزىڭلار.

تېچلىق، باشلىق، يولدىن، ئۆيگە، ئاشپەز، قەھرىمانلىق، ئىلمەك، مەكتەپكە، ئاچقۇچ

30 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ تومۇرى قايسى، قوشۇمچىسى قايسى ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. مەكتەپ باغىسىنى قاسىم ئاكام باققا، ئۆرگەن مۆۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنى تىكتى.

2. ياخشىلىق يەردە قالماس. 3. شەھەردە ئۆرگەن قەۋەتلىك ئۆيلەر كۆپ.

## 15. قوشۇمچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى قوشۇمچىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1. سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەر؛ 2. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر.

> جۈملە ئىچىدە سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قوشۇمچىلەرنى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەر دەيمىز.

مەسىلەن: ئىنىمىزدىن كەلدىم. ئىنىمىزغا بارىمەن. ئىنىمىزدا ئىشلەيمەن. ئىنىمىزنى ياخشى كۆرىمەن. ئىنىمىزنىڭ ئىشلىرى كۆڭۈللۈك. يېزىمىز ئىنتايىن چىرايلىق.

يۇقۇرىدىكى «ئىنىمىز، يېزا» دېگەن تومۇر سۆزگە ئۇلىنىپ كەلگەن «دىن، غا، دا، نى، نىڭ، ىمىز»، قوشۇمچىلىرى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەردۇر.

> سۆزلەرگە ئۇلىنىپ يېڭى مەنىلىك سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلەرنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر دەيمىز.

مەسىلەن: ئىش + چان = ئىشچان، ئات + لىق = ئاتلىق، باغ + ۋەن = باغۋەن، قېرىن + داش = قېرىنداش، ئىگىز + لىك = ئىگىزلىك، ئويۇن + چۇق = ئويۇنچۇق

يۇقۇرىدىكى «ئىش، باغ، ئىگىز، ئات، قېرىن، ئويۇن» دىگەن سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كەلگەن «-چان، -ۋەن، -لىك، -لىق، -داش، -چۇق» دىگەن قوشۇمچىلەر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەردۇر.

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر سۆز تومۇرىغا قوشۇلۇش بىلەن يېڭى مەنىلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ.

مەسىلەن: «ياغاچ» دىگەن سۆزدىن بىز تەبىئەتتىكى بىرنەرسىنىڭ ئىسمىنى چۈشەنسەك، ئۇنىڭغا «چى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ياغاچچى» بولغاندا، ياغاچتىن ھەر خىل ئەسۋاپلارنى ياسايدىغان ھۈنەر ئىگىسىنى چۈشىنەلەيمىز.

**31 — كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىڭلار.

1. سادىق بوۋاي كۆڭۈلچەك ئادەم. 2. يالغانچى ھامان رەسۋا بولىدۇ. 3. بىلىملىك ئادەم كەمتەر بولىدۇ. 4. يولداشلار ئارا ئىتتىپاق ئۆتۈش لازىم. 5. ھورۇنلۇق ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ.

**32 — كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىدەك جەدۋەل سىزىپ، بېرىلگەن سۆزلەرنى كۆرسىتىلگەن ئۇلگە بويىچە جەدۋەلگە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.

| سۆز تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە | سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە | تومۇر |
|---|---|---|
| قا | داش | ساۋاق |

ساۋاقداشقا، ئىشچىنىڭ، باغۋەننى، ئىلمەك، سۆزگۈچ، كۆزلۈك، مالچىغا، يىلىم، سىزىق، قىرىندا

33 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈڭلار ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى ئۈلانغان سۆزلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئاستىغا سىزىڭلار.

كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز. كىتاپ ئوي - پىكرىمىزنى ئېيتىدۇ. بىز كىتاپنى ياخشى كۆرىمىز. ئوقۇتقۇچى بىزگە كىتاپنى قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگەتتى.

## 16. ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىكى كېلىش قوشۇمچىلىرى

«بىزنىڭ مەكتەپتە تام گېزىت چىقىدۇ» دىگەن جۈملە ئىچىدە كەلگەن سۆزلەردىكى قوشۇمچىلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، سۆزلەرنى تومۇرى بويىچە تىزىپ قويساق، بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۇقۇمنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

مەسىلەن: «بىز مەكتەپ تام گېزىت چىق» دەپ ئېيتساق، بۇ تولۇق ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدىغان جۈملە بولالمايدۇ.

جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن باغ-
لىنىپ كېلىشى ئۈچۈن سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان
قوشۇمچىلەرنىڭ بىر تۈرى كېلىش قوشۇمچىلىرىدۇر.
ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرگەن سۆزلەرگە كېلىش
قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى ئىسىملارنىڭ
كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى بولىدۇ.

بىز تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە دىققەت قىلايلى: بىز گېزىتنىڭ خەۋەرلىرىنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بىز گېزىتنى ھەر كۈنى كۆرىمىز. بىز گېزىتكە بېسىلغان خەۋەرلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز. گېزىتتە مۇھىم خەۋەرلەر ھەر كۈنى بېسىلىپ تۇرىدۇ. بىز گېزىتتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالالايمىز. يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «گېزىت» دىگەن ئىسىمغا ئۇلانغان «نىڭ، -نى، -كە، -تە -تىن» قاتارلىق قوشۇمچىلەر كېلىش قوشۇمچىلىرىدۇر. بۇ خىل قوشۇمچىلەرسىز جۈملىدىكى سۆزلەرنى بىر- بىرىگە باغلاپ، مۇكەممەل ئۇقۇم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

**34 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدىن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملارنى ئايرىپ يېزىڭلار.

بىز سوتسيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز. تاغنىڭ ھاۋاسى سالقىن: باغدا ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى. مەن بۇ كىتاپنى كىتاپخانىدىن ئالدىم. بىز ئۈگىنىشكە بارىمىز. ياقۇپنىڭ سۆزىدە داۋلى بار. ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا.

## 17. باش كېلىش

1. تامىر ئەمگەك نامۇنىچىسى. 2. باھار كەلدى. دەل - دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىدى. 3. تەنتەربىيەچىلەر مۇسابىقىگە چۈشتى.

يۇقۇرىدىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟

> باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئادەم ۋە نەرسىلەرنى بىلدۈرۈپ كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.
>
> باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئودۇرىسىغا كۆپلۈك ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىشى مۇمكىن.

مەسىلەن: گۈل، گۈللەر، گۈلى، ئادەم، ئادەملەر، ئادىمى، مەكتەپ، مەكتىۋى، مەكتىۋىمىز

ئەگەر باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك ھەم ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلسە ئۇلارغا بېرىلىدىغان سوئاللارغىمۇ شۇ خىل قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: مەكتەپلەر (نېمىلەر؟) مەكتىۋى (نېمىسى؟)

35 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدىكى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئىتتىپاق ئەزالىرى ئەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلماقتا. 2. دىلبەر يورۇقلۇق ھەققىدە ئامىسى ماقالا يازدى. 3. يامغۇر شارىلداپ ياغماقتا. 4. يامغۇردىن كېيىن دەل-دەرەخلەر ياشىرىپ كەتتى. 5. دېخانلار كۈندىن-كۈنگە پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشمەكتە.

36-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەر ئىچىدىن باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى ئايرىپ كۆچۈرۈڭلار.

كىتاپخانا، ئانىسى، دادامدىن، قەشقەرگە، ئۇستازى، ۋەتىنى، ۋەتەندىن، جۇڭگوغا، باغلىرى، باغچە، باغچىمىز، تىيانشاندا، شىنجاڭنىڭ، يۈرىكى، يۈرەكتە، غۇنچىلەر

37-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى باش كېلىشتە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئەزالارغا، ئاقسۇدىن، كىتاپتا، زاۋۇتنى، ئاشلىقنىڭ

## 18. ئىگىلىك كېلىش

1. ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. 2. ئىشچىلارنىڭ غەيرىتى ئىنتايىن ئۈستۈن بولماقتا. 3. قاسىمنىڭ خېتى ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. 4. شىنجاڭنىڭ بايلىقى مول. 5. ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاپ» دېگەن شېئىرى بەكمۇ ياخشى يېزىلغان.

يۇقۇرقى جۈملىلەر ئىچىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلانغانلىقىغا ۋە بۇ سۆزلەرگە قانداق سوئاللارنىڭ بېرىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كىمگە ۋە نېمىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدىغان كېلىش ئىگىلىك كېلىش بولىدۇ. ئىگىلىك كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى: نىڭ

مەسىلەن: زاۋۇتنىڭ مەيدانى، ئىشچىلارنىڭ ياتىقى، گۈلباھارنىڭ ماقالىسى

38 - كۆنۈكمە: تىرناق ئىچىدىكى سوئاللارغا قاراپ، شۇ سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆچۈرۈڭلار.

(كىمنىڭ؟) سۆزى قىزىقارلىق ئىكەن.

(نېمىنىڭ؟) گۈلدۈرلىشى توختىمىدى.

(نېمىلەرنىڭ؟) ھۆرەشلىرى ئاڭلانماقتا.

(كىملەرنىڭ؟) كېيىنىشى رەتلىك ئىكەن.

(نېمىنىڭ؟) تەمى ياخشى ئىكەن.

(كىملەرنىڭ؟) ئەسەرلىرى كۆپلەپ بېسىلماقتا.

39 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ ئالتە ئىسىم يېزىڭلار، ئاندىن كېيىن ئۇ ئىسىملارغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنى ئۇلاپ، جۈملە تۈزۈڭلار.

40 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە ئۇلارغا سوئاللارنى بېرىپ كۆرۈڭلار.

پاش بولماي قالمايدۇ سىرى يالغاننىڭ،
ھەر ئوقى بىكارغا كەتمەس پالۋاننىڭ.

ئۆزۈرى ئۆزاقتۇر ئالقىش ئالغانىنىڭ.
ئەل - يۇرتنىڭ قاغىشىن ئالغۇچى بولما.

41 - كۆنۈكمە: ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ چىقىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى سۆزلەرگە ئەگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنى ئۇلاشقا تېگىشلىك بولسا، ئەگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار.

1. قىزىلگۈل پۇرىقى ياخشى. 2. دوستۇم ئىسمى پەرھات جان. 3. يېزىلار ئىشلەپچىقىرىشى يىلدىن - يىلغا يۇقىرى كۆتىرىلمەكتە. 4. ۋەتىنىمىز ھەر بىر گىياسىنى جان تىكىپ قوغدايمىز. 5. ئىشچىلار مەدىنى مەشغۇلاتلىرى جانلانماقتا.

## 19. چۈشۈم كېلىش

بىز ئىلىم - پەننى سۆيىمىز. ئوقۇتقۇچىنىڭ لېكسىيىسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم. بىلىمگەننى بىلمەن دېمەسلىك كېرەك. كوممۇنىستىك پارتىيىنى چىن قەلبىمىزدىن ھىمايە قىلىمىز.

يۇقۇرقى جۈملىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟ ئۇ سۆزلەرنىڭ تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنى ئاجرىتىپ بېرىڭلار.

> ئىش - ھەركەت بىلەن باغلىنىپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەر چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر بولىدۇ.
> چۈشۈم كېلىشتىكى سۆزلەر كىمنى؟ نىمىنى؟

كىملەرنى؟ نېمىلەرنى؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

چۈشۈم كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى: نى

مەسىلەن: مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم. مەن ئەكبەرنى قىرائەتخانىدا كۆردۈم.

بەزى چاغلاردا چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆزلەردىكى «نى» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قېلىپ، قوشۇمچىسىز ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتلاردا نېمە؟ دېگەن سوئال قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: بىز ئويۇن (نېمە؟) كۆردۇق. دىلبەر قىز رەسىم سىزدى. (نېمە سىزدى؟)

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، ئەمما قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان سۆزلەرنى باش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر دەپ قارىماي، بەلكى كېلىش قوشۇمچىسىز ئىپادىلەنگەن چۈشۈم كېلىشتىكى سۆزلەر دەپ قاراش لازىم.

**42 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك سوئاللارنى بېرىڭلار.

•

تېگىرقىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆردىشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى.

مەرت باغۋەن ئازاڭ قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيىسىز سۇلدۇرۇپ گۈل - چېچەكلەرنى.

43 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ئۆزى چۈشۈم كېلىشتە بولسىمۇ، لېكىن قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. كۆكتاتلارغا سۇ تۇتتۇق. 2. ۋاھىت شاخمەت ئويىنىدى. 3. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ قايتىپتۇ. 4. كېسەللەرنى ئاسراش لازىم. 5. سىڭلىم كىيىم تىكىش زاۋۇدىدا ئىشلەيدۇ. 6. ئەمگەك سۆيگەن خار بولماس (ماقال). 7. سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە، سۆزنى قىل سىغار يەرگە (ماقال).

44 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ، بەش جۈملە يېزىڭلار. شۇ جۈملىلەردىكى ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن بولسۇن.

## 20. بېرىش كېلىش

يازلىق دەم ئېلىشتا تاققا چىقتۇق. پېشقەدەم ئىشچى، موسا تاغام بىزگە قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. مەن تاغنىڭ ھاۋاسىغا تېزلا كۆنۈكۈپ كەتتىم. مەن رەسىم سىزىشقا بەك قىزىقىمەن.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە

قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغانلىغىنى ۋە ئۇلارغا قانداق سو-
ئاللار بېرىلىدىغانلىغىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش ـ ھەركىتىنىڭ يۆنۈلۈشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆزلەر بېرىش كې-
لىشتىكى سۆزلەر بولىدۇ.

بېرىش كېلىشتىكى سۆزلەرگە كىمگە؟ نىمىگە؟ كىملەرگە؟ نىملەرگە؟ نەگە؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

بېرىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى: غا، قا، گە، كە، قە، غە

مەسىلەن: باققا، ھاۋاغا، مەكتەپكە، قەغەزگە، شەرققە، شەھەرگە، قەشقەرغە

تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلۈپ، ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆز-
لەرگە «غا»، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە «قا» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: جاھان ـ جاھانغا، نىشان ـ نىشانغا، ياغۇر ـ
ياغۇرغا، ھايات ـ ھاياتقا، تاغاق ـ تاغاققا، ئوغاق ـ ئوغاققا

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلۈپ، ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن سۆزلەرگە «گە، غە»، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن سۆزلەرگە «كە، قە» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: قەغەز ـ قەغەزگە، كۆز ـ كۆزگە، قەشقەر ـ قەشقەرغە، شەرق ـ شەرققە، دەمەشق ـ دەمەشققە

45 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار، شۇنداقلا ئۇ سۆزلەرگە سوئال بېرىپ كۆرۈڭلار.

قاراپ تۇرسام پەرھاتقا رەسىم سىزغاندا،
قاراپ تۇرسام شېرىنگە گۈللەر تىزغاندا.

قاراپ تۇرسام بەھرامنىڭ لەتاپىتىگە،
قاراپ تۇرسام گۈلەندەمنىڭ قىياپىتىگە.

قوي شائىر سۆزلىمە، جۆيلۈپ يوققا،
ناۋايى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا.

يۈرىكى پاتمايدۇ ئالەمدەك لەھەتكە،
روھى يۆلەنمەيدۇ ساماغا ـ ئەھەتكە.

ئۇ ئىجات دەرياسىغا كۆمۈلگەن،
ئۇ ھەر مىسرا تۈۋىگە كۆمۈلگەن.

46 ـ كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. بىز ئىمتىھان... تەييارلىنىۋاتىمىز. 2. رابىيەم ئىش... كەتتى. 3. بىز توپ مۇسابىقىسى... چۈشتۇق. 4. ئۇ چۆچەك... باردۇ. 5. بىز تىرىشىپ ئۈگىنىپ ۋەتەن... تۆھپە قوشىمىز. 6. مەن بۈگۈن مېھمانلار... ردەملەشتىم. 7. مەن «شىنجاڭ گېزىتى»... مۇشتىرى بولدۇم. 8. يەكشەنبە كۈنى باغ... بېرىپ دەم ئالىمىز. 9. تازىلىق... ئەھمىيەت بېرەيلى.

**47 – كۆنۈكمە:** «قا، غا، قە، گە، كە» قاتارلىق بېرىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنى تۈۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرگە مۇۋاپىق ھالدا ئۇلاڭلار ۋە قانداق سۆزلەرگە «قا، غا»، قانداق سۆزلەرگە «گە، قە، كە»قوشۇمچىلىرى ئۇلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئاپام، شەرق، غەرپ، ئوتتۇق، ياتاق، شاڭخەي، ئەمگەك، ئۆي، كۆۋرۈك، ئۈزۈك، ئۈستەل، قەلەم

**48 – كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار بەش جۈملە تۈزۈڭلار. ھەر بىر جۈملە ئىچىدىكى ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردە بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى بولسۇن.

## 21. چىقىش كېلىش

1. بىز ئۆگىنىشتىن زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. 2. ئاكام بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى. 3. مەن بۇ خەۋەرنى گېزىتتىن كۆردۈم. 5. مەن دوستۇمدىن بەكمۇ رازى بولدۇم.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق قوشۇمچىلار ئۇلانغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

ئىش ـ ھەركەتنىڭ چىقىش ئورنى ھەم ئۇقتىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆزلەر چىقىش كېلىشىكى سۆزلەر بولىدۇ.

چىقىش كېلىشىكى سۆزلەرگە كىمدىن؟ نىمىدىن؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.

چىقىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىلىرى: دىن، تىن

مەسىلەن: شەرقتىن كۆتىرىلگەن قۇياش يايلاقنى يورۇتتى. يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن. (ماقال)

بۇ جۈملىلەردىكى «شەرقتىن، ئىزىدىن، سۆزىدىن» دىگەن سۆزلەر چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر ھىساپلىنىدۇ.

ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى جارائىلىق تاۋۇش بولسا، ئۇنىڭغا «دىن» قوشۇمچىسى، جارائىسىز تاۋۇش بولسا، «تىن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: گۈلزار ـ گۈلزاردىن، باھار ـ باھاردىن، ئېرىق ـ ئېرىقتىن، يۈرەك ـ يۈرەكتىن

49 ـ كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ ئالتە جۈملە تۈزۈڭلار. ھەر بىر جۈملىدە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان سۆز بولسۇن ۋە ئۇ سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار.

ئۈلگە: مەن مەكتەپتىن (قەيەردىن؟) قايتتىم.

50 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى چوڭ كاتەكچىلەرنىڭ ئىچىدىكى سۆزلەرگە كىچىك كاتەكچىلەر ئىچىدىكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى ئۇلاڭلار.

يايلاق
مۇختەر
كىنو
ئىشىك
مەيدان
مېھنەت

— دىن، تىن

ئادەم
ئەترەت
ئۇستەڭ
قەلەم
ئوقۇش
ياغاچ

— تىن، دىن

51 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

## پارتىيەم

پارتىيەم سەندەك كۆيۈمچان ئانىجاندىن ئۆرگىلەي،
تەنگە جان قىلغان ئاتا چىن مېھرىباندىن ئۆرگىلەي.

قوغلىدىڭ ئۆتمۈش دوزاقنى خەلقىمىز بەختى ئۈچۈن،
سەن ياراتقان بەختىيار بۇ شات زاماندىن ئۆرگىلەي.

تاۋلىنىپ پىشتىڭ چېلىشتا، يۈكسىلىپ تاپتىڭ روناق،
ھەر قەدەمدە سەن قازانغان غەلىبە ـ شاندىن ئۆرگىلەي.

غەمگۇزارىم پارتىيەم، سەندىن ئېلىم ھەردەم رىزا،
ئەلنى خوش قىلغان سېنىڭدەك جانىجاندىن ئۆرگىلەي.

## 22. ئورۇن كېلىش

1. ئاكام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. 2. مەن يەكشەنبە كۈنى ئۆيدە بولدۇم. 3. مەن بۈگۈن كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلىدىم. 4. مەشتە ئوت كۆيىۋاتىدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قانداق قوشۇمچىلەر ئۇلانغان؟ ئۇلارغا سوئاللارنى بېرىپ كۆرۈڭلار.

> ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر بولىدۇ.
>
> ئورۇن كېلىشتىكى سۆزلەرگە كىمدە؟ نىمىدە؟ قەيەردە؟ نەدە؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.
>
> ئورۇن كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى: ـ دا، ـ دە، تا، تە

مەسىلەن: تاغدا ئىككى ئاي دەم ئالىمىز. مەندە ياخشى كىتاپلار بار. زاۋۇتتا ئىلغارلار كۆپەيمەكتە. مەن بۈگۈن كەچتە ئۆيدە بولىمەن.

> تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلۈپ ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن سۆزلەرگە «دا»، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن سۆزلەرگە «تا» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: باغ ـ باغدا، يېزا ـ يېزىدا، ئاش ـ ئاشتا، تاش ـ تاشتا، بايرام ـ بايرامدا، ياغاچ ـ ياغاچتا، ئولتۇرۇش ـ ئولتۇرۇشتا

> تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلۈپ، ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن سۆزلەرگە «دە»، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن سۆزلەرگە «تە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: قەغەز ـ قەغەزدە، ئۆي ـ ئۆيدە، ھەركەت ـ ھەركەتتە، ئۆملۈك ـ ئۆملۈكتە

52 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇغىلار، سوئال بېرىپ، ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنى تېپىڭلار.

1. زاۋۇتلاردا، كانلاردا ئاجايىپ زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلمەكتە. 2. مەريەم ئىشلەپچىقىرىشتا، ئۆگىنىشتە ۋە سالامەتلىكتە ياخشى. 3. ئىش بىرلىكتە، كۈچ ئۆملۈكتە. (ماقال) 4. ئۇ ياخشى ئۆگەنمىگەچكە كەينىدە قالدى. 5. بىز سەھەردە گىمناستىكا ئوينايمىز.

6. ئىنساننىڭ قەدرى ئەقىل ـ ئىدرەكتە،
پارلايدۇ بەختى ھالال ئەمگەكتە.

تەر تۆكمەي تۇرۇپ يۈكسەك غەيرەتتە،
ئىقبالى ھەرگىز نۇرانە بولماس.

53 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇغىلار، ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنى تېپىپ، قوشۇمچىلىرىنىڭ قانداق ئۇلانغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

1. ئاكام فابرىكىدا ئىشلەيدۇ. 2. ئۇلار ئىشتا ئۈلگە كۆرسەتتى. 3. يېزىمىزدا گۈزەل جايلار كۆپ. 4. شىنجاڭدا يەر ئاستى بايلىقلىرى نۇرغۇن. 5. غۇلجىدا، قەشقەردە، خوتەندە ئالىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. 6. قىزىم تىببىي ئىنستىتۇتتا ئوقۇيدۇ. 7. كەچتە كىنوغا بىللە بارايلى.

54 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، جۈملە تۈزۈڭلار.

ناھىيە، ئۇستەل، قىش، كۆچ، قاراڭغۇ، كۆكلەم، باھار

55 - كۆنۈكمە: ئۆزىڭلار ئويلاپ، بەش جۈملە تۈزۈڭلار. ھەر بىر جۈملىدە ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر بولسۇن.

## 23. ياسالما سۆز

تىلىمىزدىكى «ئىش، كۈرەش، باغ، تۆمۈر، يول» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ھېچقانداق قوشۇمچىلارسىز ئېيتىلغان سۆزلەر بولۇپ، بۇلارنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلگىلى بولمايدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن سۆزلەرگە ھەر خىل قوشۇمچىلەرنى ئۇلاپ، «ئىشچى، كۈرەشچان، باغۋەن، تۆمۈرچى، يولداش» دەپ ئېيتساق، بۇ سۆزلەرنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

> سۆزنىڭ تومۇرىغا، يەنى تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىپ، يېڭى مەنە ئاڭلاتقان سۆزلەرنى ياسالما سۆزلەر دەيمىز.

مەسىلەن: مىۋە + لىك = مىۋىلىك

ئوقۇ + غۇچى = ئوقۇغۇچى

ھۈنەر + ۋەن = ھۈنەرۋەن

سۈت + لۈك = سۈتلۈك

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرغاندا ھېچقانداق مەنە ئاڭلاتمايدۇ. ئۇلار پەقەت تۈپ سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، ئۇلاردىن يېڭى مەنىلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ.

يۇقۇرىدىكى «مىۋە، ئوقۇ، ھۈنەر، سۈت» دىگەن تۈپ سۆزلەرگە «-لىك، -غۇچى، -ۋەن، -لۈك» قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئۇلاردىن يېڭى مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ياسالغان.

56 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلارنى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ئۈلگە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.

كۈندۈز، ئاشپەز، تۆمۈرچى، ئىلمەك، سۆزمەن، ئەمگەكچان، ۋەتەنپەرۋەر، چىمەنزار، زاماندىش، ئاچقۇچ، ھۈنەرۋەن

| ياسالما سۆز | تۆپ سۆز |
|---|---|
| تۆمۈرچى | تۆمۈر |
| ...... | ...... |

57 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندە بېرىلگەن بىرىنچى قاتاردىكى تۆپ سۆزلەرگە ئىككىنچى قاتاردىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ لايىقىنى ئۇلاپ، ياسالما سۆزلەرنى ياساڭلار.

| 2. قاتار | 1. قاتار |
|---|---|
| لۇك | دېخان |
| لىق | كۆز |
| چىلىق | ياخشى |
| غۇچ | هۈنەر |
| ۋەن | باش |
| لامچى | سىز |
| لىك | دەرت |
| مەن | گۈل |
| زار | سالامەت |

58 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرگە تۆپ سۆزلەرنى تېپىپ قوشۇپ، ياسالما سۆزلەرنى ياساڭلار.

غۇچى، لۇك، داش، لىك، قۇن، لىق، لۇق، قۇچى

ئۈلگە: ئۇچ + قۇچى = ئۇچقۇچى

## 24 . بىرىككەن سۆز

تىلىمىزدىكى «قىزىلسۇ، ئاشتاختا، تاشپاقا» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، بىرىنچى سۆز «قىزىل، سۇ» دېگەن ئىككى سۆزدىن، ئىككىنچى سۆز «ئاش، تاختا» دېگەن ئىككى سۆزدىن، ئۈچىنچى سۆز «تاش، پاقا» دېگەن ئىككى سۆزدىن بىرىكىپ تۈزۈلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

> ئىككى سۆزدىن بىرىكىپ، بىرلا مەنە ئۇقتۇرغان سۆزلەرنى بىرىككەن سۆز دەيمىز. بىرىككەن سۆزلەر قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: تاشپاقا، ئىشلەپچىقىرىش، مېھرىگۈل، گۈلدەستە، قولقاپ، ئاقتاش

5 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قوشۇپ، بىرىككەن سۆز ياساڭلار.

قارا + ياغاچ، قارا + ماي، ئاق + سۇ، خەلق + ئارا، بەش + تۈگمەن، تاش + كۆمۈر، ئايدىڭ + كۆل، ھاجى + نىسا، قول + يازما

6 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. بۇ يىل كۆممەقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. 2. بىز ھەر كۈنى گېزىتتىن خەلقارا خەۋەرلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز. 3. تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى يىل